# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي

2

يەكشەنبە

维吾尔文 2 月2日

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24959 - سان　بۈگۈن 2 بەت


# چاۋشيەنىنىڭ ئالىي رەھبىرى جىن جېڭئېن شى جىنپىڭغا ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ ھال سورىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭغا ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە قارىتا سەممىي ھال سورايدىغانلىقى ھەم قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

**ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى**

## پارتىيە بايرىقىنى بىرىنچى سەپتە جەۋلان قىلدۇرۇش ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش

### — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلماقتا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

بۇ، بىر مەيدان ئىس - تۈتەكسىز جەڭ. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ياخشى ئىستىل، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتەك ھەرىكەت، ئىلمىي، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. ھەر بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بىر قىپقىزىل بايراق بولۇپ، ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، بىرىنچى سەپتە جەڭ قىلماقتا؛ ھەربىر ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بىر مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغان بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، يۇرت - ماكانىنى قوغدىماقتا.

**پارتىيە ئەزالىرى بىرىنچى سەپكە ئاتلاندى جەڭگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ چېكىنمىدى**

«مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن تىزىملىتىمەن!» «مەن سارىسقا تاقابىل تۇرۇشقا قاتناشقان، تەجرىبەم بار، ئالدى بىلەن مېنى ئويلىشىڭلار!» «پارتىيە مېنى تەربىيەلىدى، ھازىر دەل مېنىڭ ئاتاكىغا ئۆتىدىغان ۋاقتىم، مەن بىرىنچى سەپكە بارىمەن!»... «مەن تىزىملىتىمەن» دېگەن بىر جۈملە سۆز قىش كۈنلىرىدىكى ئەڭ ئىللىق سۆزگە ئايلاندى، شۇنداقلا كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەڭ جاراڭلىق قەسىمى بولۇپ قالدى.

ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش باش پونكىتى يولۇچىلارنى تەكشۈرۈش 2 - بۆلمىسى پارتىيە ياچېيكىسى پۈختا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېزلىكتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاپ، ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كۆرەش ئىرادىسىنى تولۇق قوزغاتتى.

يولۇچىلارنى تەكشۈرۈش 2 - بۆلمىسىدە ھازىر 199 خىزمەتچى بار. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، 20 پارتىيە ئەزاسى، بىر كاندىدات پارتىيە ئەزاسى ئىلگىرى - كېيىن تەلەپنامە تاپشۇرۇپ، يۇقۇم نەدە بولسا شۇ جايدا جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى! جىق ياك، جوۋ يىنچى قاتارلىق يولداشلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈرۈمچى ناھىيەسى تولى يېزىسى بەيجيەنگوۋ كەنتىنىڭ كەنت كادىرلىرى بىلەن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە دېزىنفېكسىيەلىدى. ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، تولى يېزىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىمەكتە. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى پارتىيە بەدەل پۇلىنى جىددىي ئاجراتتى

### پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان پارتىيە بەدەل پۇلىدىن مەخسۇس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى چۈشۈرۈپ بەرگەن پارتىيە بەدەل پۇلى بىلەن قوشۇپ، جەمئىي 4 مىليون 700 مىڭ يۈەننى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە مەدەت بېرىش، ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاجراتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىدىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ تۇتۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈلگىلىك رولى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كەسكىن جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشتا «تۆت جايىدا بولۇش»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **فۇ شياڭلۇڭ، يۈەن لىي، جەزىرە نېسىپبېك** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى داۋالاش ئاپپاراتلىرى بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، ۋاقتىدا تاقابىل تۇرۇپ، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «داۋالاش - قۇتقۇزۇش كارىۋىتى، داۋالاش خادىملىرى، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى»دىن ئىبارەت تۆت جايىدا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

«يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ۋە تېخنىكا لايىھەسىنى تۈزدى.» ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش مەمۇرىيىتى، داۋالاشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ خەيفېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى كۆپ تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى نۇقتىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىلمىي، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

ياڭ خەيفېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون «ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گۇمانىي كېسەللىك مىساللىرىغا بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلاردا مەركەزلەشتۈرۈپ ئېنىق دىياگنوز قويۇش ۋە قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئېلىپ بېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئېغىر كېسەللىكنىڭ يۈزبېرىش نىسبىتىنى ئازايتتى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ ئەۋزەل داۋالاش بايلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى.

«ئاپتونوم رايون يەنە 50 نەچچە كىشىدىن تەشكىللەنگەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كۆپ پەن مۇتەخەسسىسلەر يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى نەپەس يولى، يۇقۇملىنىش، ئېغىر كېسەللىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر، يەنە رېنتگېندە سۈرەت تارتىش، تەكشۈرۈش، پىسخىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ۋاقتىدا باھا بېرىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭلىق يىگىتلەر ۋۇخەن كوچىلىرىدا ئالدىراش

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن**

«شىركەت ئامبىرىدىكى يىمەكلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بولدۇق، بۇ ئىككى كۈندە بىز ياردەم تەلەپ قىلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللا بازىرىدىن سېتىۋېلىپ، ۋۇخەندىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ۋە بىر قىسىم شەھەر ئاھالىلىرىگە داۋاملىق ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىمىز.» 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ۋۇخەندىكى شىنجاڭلىق يىگىت ئېلشات ئابدۇسالام تېلېفوندا ماڭا ئۆزىنىڭ بايىلا باشقا ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان بەش خادىمغا تۇخۇم ۋە سۈت ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ، ئېلشات خىزمەتدىشى رەپقەت ئابلىز، قەدىريار جاپپار بىلەن ۋۇخەن كوچىلىرىدا چېپىپ يۈرۈپ، 1.86 تونىنغا يېقىن يىمەكلىك، ماسكا ھەم بىر قىسىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ۋۇخەندىكى 18 ئالىي مەكتەپ، ۋۇخەن دۇڭخۇ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە بىر قىسىم ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ شەھەرگە ئىللىقلىق ۋە ئىشەنچ ئېلىپ كەلدى.

ئېلشات ئۈچەيلەن مايكار پەن - تېخنىكا مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ خادىملىرى بولۇپ، بۇ شىركەت ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ خاس يىمەكلىكلىرى تىجارىتىنى قىلاتتى، 2019 - يىلى شىركەتنىڭ باش ئىشتابى شىنجاڭدىن ۋۇخەنگە كۆچۈرۈلگەن.

شىركەت مەسئۇلى شۆھرەت رۇسۇل چاغاندىن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىزچىل ئۆيىدە ئايرىپ تۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، باشتىن - ئاخىر ۋۇخەنگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بەزى تورداشلارنىڭ «ۋۇخەندىكى يەرلىك پىدائىيلارنىڭ داشۆ ياتاقلىرىدا يالغۇز قالغان دوستلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن يازمىسىنى كۆرۈپ، ئۇ ۋۇخەندە قالغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە توپلاشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى ھەم ئېلشات ئۈچەيلەنگە بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە، يەنى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە شىركەت ئامبىرىدا ساقلانغان يىمەكلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

كىمگە يەتكۈزۈپ بېرىمىز؟ ئېلشات ئۈچەيلەن گاڭگىراپ قالغاندا، «مەن شىنجاڭدىن كەلدىم» ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسىدىكى پىدائىيلار ئۇلار بىلەن ئالاقىلەشتى. ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى توردا ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، توردىكى ياردەم سوراش ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن ئەشيالارنى توشۇدى.

«1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىز يۈك ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ يىمەكلىك ۋە بىر قىسىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى توشۇشقا باشلىدۇق.» ئېلشات مۇنداق دېدى: ياردەم بېرىش، ئەمما قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن، بىز يولغا چىقىشتىن بۇرۇن يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىشكە تولۇق تەييارلىق قىلدۇق.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## «يۇقۇم»غا قارشى جەڭدىكى ئاشۇ تەسىرلىك ھېكايىلەر

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ئۇلار ھەممە ئائىلىلەر جەم بولىدىغان پەيتتە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئىنتايىن قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرۇپ، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كىشىلەرگە ئەڭ ئىللىق يۆلەك بولدى؛ ئۇلار يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، «قارشى يۆنىلىشتە يۈرگۈچى»لەردەك قورقماس قىياپەت بىلەن قەھرىتان سوغۇق شامالدا ئەڭ قىممەتلىك مۇھەببەتنى يەتكۈزمەكتە.

### ئەر - خوتۇن تېببىي خادىملار: مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىش

بۇ مەيدان ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەر قىلىنغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە، تېببىي خادىملار ئېنىقكى ئاساسىي قوشۇن. شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا يۇقۇملۇق كېسەللىك 1 - بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاڭ لى 12 ياشلىق ئوغلىنى ئۆيىگە قالدۇرۇپ قويۇپ، دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىدە خىزمەت قىلىدىغان ئېرى ياڭ شىنۋېي بىلەن ئۇدا ئون نەچچە كۈن جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

ئۇلار ئىناق ئەر - خوتۇن، شۇنداقلا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىۋاتقان سەپداشلار.

يۇقۇملۇق كېسەللىك بۆلۈمىدە ئۇچرىشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قالدۇرۇپ كۆزىتىلىدىغانلار بولۇپ، گۇمانلىق كېسەللىك مىسالى بايقالغان ھامان دەرھال پۈتۈن دوختۇرخانا بويىچە كوللېكتىپ جىددىي دىياگنوز قويۇشقا قاتنىشىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جېڭى باشلانغاندىن بۇيان، تاڭ لىنىڭ ئانىسى ھەر كۈنى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇم مۇداپىئەلىنىشكە دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى، يەنە دائىم ئەندىشە قىلىپ: دوختۇرخانىنىڭ مۇداپىئە كىيىمى يېتەرلىكمۇ؟ دەپ سورۇشتۇردى. «بارلىق كۈچ بىلەن بىرىنچى سەپ كاپالەتلەندۈرۈلۈۋاتسا، مۇداپىئە ئۈسكۈنىلىرى يېتىشمەي قالاتتىمۇ؟ ئەنسىرىمەڭ، مەن بۇ يەردە ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، سىزمۇ ھەم شۇ، يېقىنقى مەزگىلدە سىرتقا چىقماڭ، ھە...» تاڭ لى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ: «قانچىلىغان چاغاندا ئاتا - ئانامنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەمراھ بولالمىغانلىقىم ئېسىمدە يوق» دېدى.

گەرچە بىر دوختۇرخانىدا ئىشلىسىمۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كۆرۈشۈش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز. ھەر قېتىم جىددىي داۋالىنىدىغان ئاغرىقلار ئېلىپ كېلىنگەندە، مۇداپىئە ماسكىسى تاقىۋالغان تاڭ لى دائىم ئالدىراش تىنەشلا ئېرىگە: «سىلەر كۆزىنەكتە تۇرۇسلەر، مۇداپىئەگە بەك دىققەت قىلىڭ» دەپ تاپىلاپ قويۇپ، ئارقىدىن ھەرقايسىسى ئالدىراش ئۆز ئىشىغا يۈرۈپ كېتىدۇ...

(ئاخىرى 2 - بەتتە)